# بىلالنىڭ سايلىقىقا چىقىپ ئەزان ئوقۇپ، «حي على الصلاة حي على الفلاح» غا كەلگەندە بەدىنىنى ئايلاندۇرماي، بويىنىنى ئوڭ-سول تەرەپكە بۇرىغانلىقىنى كۆردۈم

ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن بىلالنىڭ چۆگىلەپ تۇرۇپ، ئېغىزىنى ئوڭ-سول تەرەپلەرگە قارىتىپ ۋە ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىغا سېلىپ ئەزان توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېرىدىن تىكىلگەن بىر قىزىل چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى، شۇ ئەسنادا بىلال سايلىقىقا چىقىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بىر تال نەيزىنى سانجىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۈترە قىلىپ ناماز ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدىن ئىت، ئېشەكلەر ئۆتنۈيرەتتى، رەسۇلۇللاھ قىزىل تون كېيگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ پاقالچىقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە: بىلال سايلىقىقا چىقىپ ئەزان ئوقۇدى، «حي على الصلاة حي على الفلاح» غا كەلگەندە بويىنىنى ئوڭ-سول تەرەپلەرگە بۇرايتتى، ئەمما ئايلانمايتتى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تاھارىتىدىن ئېشىپ قالغان سۇيىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ساھابىلەر بۇ سۇنى تەۋەررۈك بىلىپ ئېلىشقا باشلىدى، بىلال ئەزان توۋلىدى. ئەبۇ جۇھەيپە دەيدۇ: مەن بىلالنىڭ ئېغىزىغا دىققەت قىلدىم، ئۇ: «ھەييى ئەلەسسالاھ، ھەييى ئەلەلفەلاھ» دېگەندە كىشىلەرگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئوڭ-سول تەرەپكە قارايتى، چۈنكى بۇ ئىككى جۈملە كىشىلەرنى نامازغا كېلىشكە قىزىقتۇراتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامازدا سۈترە بولۇشى ئۈچۈن قىسقا بىر نەيزە تىكلەندى، رەسۇلۇللاھ پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقىدى، مۇساپىر بولغانلىقتىن مەدىنىگە قايتقانغا قەدەر تۆت رەكئەتلىك نامازلارنى ئىككى رەكئەت ئوقىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10618